دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچىلەر بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

# ۋەتەن قوينىدىكى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمىز

مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، لياڭ لىخۇا، شيې خۇيبيەن** خەۋەر قىلىدۇ: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇنىڭغا قارىتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچىلەر قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشنى ئويلايدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك، ئەخمىقانە خام خىيال! بىزنىڭ ۋەتەن قوينىدىكى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداشقا، تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىغانلارغا ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار.

«ئامېرىكا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›نى ماقۇللاپ جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بىزنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىمىزغا قارا چاپلىدى. بۇ خىل پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ۋىجدانسىزلارچە زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن ئازار بېرىشكە قارىتا، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!» ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مەمەتجان داۋۇت مۇنداق دېدى: ھازىر، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا مىسلىسىز غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن مۇقىم، ئىناق چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئالدىدا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىشى ئامېرىكا تەرەپنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە قارا چاپلاشقا، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشقا، جۇڭگونى چەكلەشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايمەن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى سىراجىدىن ئابلا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە تەسىس قىلغان تەلىم - تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، قانۇن - نىزاملارغا ئاساسلىنىپ قانۇنچىللاشقان، قېلىپلاشقان، ئادىمىيلىكنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىدا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلدى، ياردەم بەردى، ئۇلارنى تەربىيەلىدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مۇئەييەنلەشتۈرۈپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

«مەن ئاياللار - بالىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن، ئاياللارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، ساغلاملىق قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىنى، ۋەتەن قوينىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ چەكسىز بەخت ۋە ئىپتىخارلىقتا چۆمگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.» ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رامىلە مەمەت مۇنداق دېدى: بىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ كۈچىنى قوشىمىز!

ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى زۆھرە غوجىرايىل مۇنداق دېدى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مېيىپلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈردى، بولۇپمۇ نامرات ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى مېيىپلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مېيىپلەر ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەن مېيىپلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەر خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەتئىي قوغدايمەن».

«ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالمىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاق، ئىناق بولغان ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالمىدى، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنىڭ چاۋىسى چىنىقا يېيىلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پاتىمە ئابلىكىم مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىلىم - پەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئورتاق ياخشى قوغداشقا يېتەكلەيمىز.

# رەزىل نىيەتنى ئېنىق تونۇپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغدايمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل قىلمىشىغا مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن، ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدۇر. مەن شىنجاڭدا تۇغۇلدۇم، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلدىم، سىياسىي - قانۇن ئالدىنقى سېپىدە ئۇزاق يىل خىزمەت قىلغان بىر پارتىيەلىك كادىر. مەن شىنجاڭدا يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى، يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشتى. جەنۇبي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ، بىر قاتار خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى، بۇ، مائارىپ، داۋالىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىنى قاپلاپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشتىن - ئاخىر قانۇنچىللىق تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمگە زەربە بېرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەۋقەنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، باشتىن - ئاخىر «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئورگانلىرى تېررورلۇققا چېتىشلىق، زوراۋانلىققا چېتىشلىق دېلولارنى بېجىرىشتە، باشتىن - ئاخىر پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە ياتىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەن، پىلانلىغان، سادىر قىلغان باشلامچى ئۇنسۇرلار، تايانچ ئەزالار، جىنايى قىلمىشى ئېغىر، زور بولغانلارنى قانۇن بويىچە ئېغىر جازالىدى؛ جىنايى قىلمىشى يېنىكرەك، خەۋپى ئانچە چوڭ بولمىغان، جىنايىتىنى تونۇپ پۇشايمان قىلغانلارنى، ھەمدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ۋە قايمۇقتۇرۇلۇپ، مەجبۇرلىنىپ قاتناشقانلارنى قانۇن بويىچە يېنىك جازالىدى؛ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى قانۇن بويىچە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازالاپ، جىنايى جازانىڭ تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش ۋە جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. قانۇن بويىچە جىنايەتنى جازالاش بىلەن بىللە، ئەدلىيە ئورگانلىرى جاۋابكارنىڭ ئاقلىنىش ھوقۇقى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىپ دەۋا قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، تەرتىپ ئادىللىقىنى ۋە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ قوغدالغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنى كۈچلۈك توستى، ئاممىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىگە بولغان تونۇشى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك يەرلىك نىزاملارنىمۇ ئارقا - ئارقىدىن چىقىرىپ ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى مەنبەدىن يوقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىق كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ نېگىزىدىن قوغدىغانلىق، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەڭ زور بەختى. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

مۇقىملىقتىن ئايرىلغان ھالدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆزلەش مەنبەسىز سۇغا، يىلتىزسىز دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئامېرىكا تەرەپ ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئارىلىشىپ، خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىققا ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، بۇ، سېپى ئۆزىدىن زومىگەرلىك قىلمىشى. بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پېنسىيەگە چىققىنىمغا كۆپ يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت سىياسىي ئىرادەمنى ساقلاپ، كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. بىز چوقۇم تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. مەن باشتىن - ئاخىر شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولسىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولسىلا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ۋە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىمىز ——

# بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز

مۇخبىرىمىز **فەن خۇيى** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، ئۇلارنىڭ پاكىت ئويدۇرۇش، تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلاش، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش قىلمىشىغا كىشىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربىمىز شۇكى، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ۋە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ئەلى غوپۇر كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىسىنى «ئانا» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تەربىيەلەنگۈچىلەر ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆيۈنۈشىنىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ۋەتەن ئانىنىڭ ئۇلارغا بولغان كۆيۈنۈشىنى ھېس قىلغان!» ئەلى مۇنداق دەپ قارىدى: پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل نىيىتى ھەممىگە ئايان، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى پەقەت مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەزرەتئەلى بارات كەنتتە تۇرغان ئىككى يىلدىن بۇيان، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن قايتىدىن جەمئىيەتكە سىڭىشىپ، خىزمەت ئورنىغا چىقىپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىشى تېررورىزم، ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى كۈچلۈك تەدبىر، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى ئەمەلىي تەدبىر، يېڭىلىق يارىتىلغان تەدبىر، ھەققانىي تەدبىر بولۇپ، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەرجىمانى پولات جۇماش مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى ئۈنۈملۈك قوللانغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەت مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، توغرا كەيپىيات ئەۋج ئالدى، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى كۈچەيدى، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلىش جەمئىيەت كەيپىياتىغا ئايلاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا تەرەپ ۋاستە تاللىماي شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بەردى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى ساختىپەزلىكى تولۇق ئاشكارىلاندى.

«مەن ئىشىنىمەنكى، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان تارىخىي ئېقىمنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى مەخمۇت ئابدۇۋەلى مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ياراتتى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ بۇرمىلىشى، قارا چاپلىشى پەقەت بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق. «ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاش، قەلب ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە، ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىدە، قىممەت يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ھەرخىل خاتا كۆز قاراشلارغا قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى توسىمىز».

«ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان ئاشۇ يامان نىيەتلىك سۇيىقەستلەر مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) قانۇنشۇناسلىق كافېدراسىنىڭ دوتسېنتى ئارزىگۈل زەينىدىن مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇشىمىز تەستە قولغا كەلگەن، بىز ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى مىننەتدار بولۇشنى بىلىشىمىز كېرەك. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي ھالدا پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك. بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىش، سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش، تارىخقا ئەھمىيەت بېرىش، پاكىتقا ئەھمىيەت بېرىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئاكتىپ ئېنېرگىيەنى ئۈزلۈكسىز تارقىتىپ ۋە مۇجەسسەملەپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ‹ئۈچ خىل كۈچ›كە قارشى كۈرەش قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى مۇكاپات باھالاش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گۈلشەن غوجىئابدۇللا مۇنداق دېدى: «ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› ئارقىلىق، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ساختا ئەپتى - بەشىرىسى ۋە رەزىل نىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇدۇق». گۈلشەن مۇنداق قارىدى: كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت - بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە شەرھلەشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ھېكايىسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ئەستايىدىل، ياخشى سۆزلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق بارلىق پىتنە - ئىغۋا، بوھتانلارغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)